# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، ھۆكۈمەت زۇڭلىسى كۈرلسۈكې بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشتەك چوڭقۇر دوستلۇقنى تولۇق نامايان قىلدى. رەئىس ئەپەندى جۇڭگو تەرەپنىڭ يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. جۇڭگو تەرەپ موڭغۇلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

مەن شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈمكى، موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى ھەمدە جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، موڭغۇلىيە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادى، جەمئىيىتى تەكشى، مۇقىم تەرەققىي قىلدى، يېقىندا يەنە پارلامېنت سايلىمىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزدى.

يېقىندا، رەئىس ئەپەندى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 99 يىللىقى پەيتىدە مەخسۇس ماڭا خەت ئەۋەتتىڭىز، بۇ سىزنىڭ ۋە موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىڭلارنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسى بىلەن بىللە ھەرقايسى قاتلام - دەرىجىلىكلەر، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، رايون تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

كۈرلسۈكې بۇنىڭدىن ئىلگىرى شى جىنپىڭغا يازغان خېتىدە مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى كۈچلۈك قوغداپلا قالماي، يەنە دۇنيا خەلقىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشقا غايەت زور تۆھپە قوشتى، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر قايىل.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى پارتىيەنىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى رامكىسى ئىچىدە، موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى قاتلام - دەرىجىلىكلەر ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈرتكە بولدى، مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم. بىز ئىككى پارتىيەنىڭ ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، موڭغۇلىيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشقا ئورتاق يۈزلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم، ئەڭ قاتتىق تەدبىر ئارقىلىق بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ

# ئىمتىھان نۇقتىلىرىدا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسى، زاپاس ئايرىش ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىنىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدە ۋەزىيەتكە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە - ساغلاملىق، مائارىپ قاتارلىق تارماقلار مۇددەتتىن بۇرۇن تۇتۇش قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ئالدىدىكى، ئىمتىھان مەزگىلىدىكى، ئىمتىھاندىن كېيىنكى ھەرقايسى ھالقىلىرىغا قارىتا، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم، ئەڭ قاتتىق تەدبىر بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «تىنچ - ئامان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خې گۇاڭجيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىمتىھان ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىگە قارىتا ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى 40 كۈندە يېپىق ھالقىلىق دەۋرىيلىك قاتتىق يولغا قويۇلدى، يەنى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار تىزىملاتقان ناھىيە، شەھەردە ئۆگىنىش قىلىدۇ، تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئىمتىھاندىن ئىلگىرى قوش مۇداپىئە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى 14 كۈندە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىمتىھان ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى كۈندىلىك سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تەكشۈرىدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تىزىملايدۇ ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەدىنامىسى ئىمزالاپ، سالامەتلىك ئەھۋالى، تۇرۇش تارىخى، ئۇچرىشىش تارىخى قاتارلىقلارنى ئەينەن مەلۇم قىلىدۇ؛ ھەرقايسى ئىمتىھان رايونلىرى، ئىمتىھان نۇقتىلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بەلگىلىمىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، يېتەرلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيالارنى سەپلەپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسى، زاپاس ئايرىش ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىش ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى ياخشى ئىشلىدى.

خې گۇاڭجيەن مۇنداق دېدى: ئىمتىھان نۇقتىسىدا لاياس ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمال بولمىغانلارنى قايتا تەكشۈرۈش ئۆيى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، بارلىق ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار، ئىمتىھان خىزمەتچىلىرى بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولسا ئاندىن ئىمتىھان نۇقتىسىغا كىرەلەيدۇ، بىرىنچى قېتىم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش لاياقەتسىز بولسا، مۇۋاپىق ئارام ئالغاندىن كېيىن باشقا ئۈسكۈنە ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن قايتا ئۆلچىسە بولىدۇ. يەنىلا لاياقەتسىز بولسا ياكى ئىمتىھان كۈنى قىزىش، يۆتىلىش قاتارلىق نەپەس يولى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، جەزمەن سەھىيە - ساغلاملىق تارماقلىرى ئىمتىھانغا نورمال قاتنىشالايدىغان - قاتنىشالمايدىغانلىقىنى كەسپىي جەھەتتىن باھالىغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئىمتىھان بېرىش شەرتىنى ھازىرلىغان ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار زاپاس ئايرىش ئىمتىھان مەيدانىدا ئىمتىھان بېرىدۇ.

«ئۇنىڭدىن باشقا، سەھىيە - ساغلاملىق تارماقلىرى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار، ئىمتىھان خىزمەتچىلىرى ھەم ئاتا - ئانىلارغا قارىتىلغان ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان تەشۋىشلىنىش، ئەنسىرەش قاتارلىق كەيپىياتلارغا قارىتا مەسلىھەت سوراش كۆزنىكى ھەم پسىخىكا جەھەتتە ياردەم بېرىش قىزىق لىنىيەسى تەسىس قىلىپ، ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى پسىخىكا جەھەتتە يېتەكلەش قاتارلىق ئالاقىدار مۇلازىمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى.» خې گۇاڭجيەن يەنە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا مۇنداق ئەسكەرتتى: ئىمتىھان مەزگىلىدە، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ ئەكېلىدىغان ئاتا - ئانىلار توپلىشىۋالماي، ئىمكانقەدەر ئىمتىھان رايونىدىن يىراق تۇرۇپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ توڭلىتىلغان مەھسۇلاتلار رايونىدا دائىم مال سېتىۋالىدىغان شەھەر ئاھالىسى يۈ شياۋيەن تىزىپ قويۇلغان تاۋارلارنىڭ ئىلگىرىكىگە خېلىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى. «ئىلگىرى ھەممىسى بەش كىلوگىرامدىن ئون كىلوگىرامغىچە بولغان چوڭ ئورالما ئىدى، پارچە سېتىلمايتتى. ھازىر ئائىلىلەرگە ماس كېلىدىغان كىچىك ئورالمىلار بار بولۇپتۇ، تۈرى كۆپ، باھاسىمۇ مۇۋاپىق ئىكەن.» يۈ شياۋيەننىڭ قولىدىكى بىر خالتىسى 600 گىرام كېلىدىغان دەبيۇ نەپىس ئورالغاندى.

«ئۆيدە شورپا سېلىپ، چۆپ پىشۇرغاندا، خەيشىن بېلىق كۆملىچىنى ئۇنتۇپ قالماڭ» «پۈتۈن شىنجاڭدىن جەمئىيەت توپىدا مال تونۇشتۇرىدىغان، بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرىدىغان ھەمكارلىق ھەمراھىنى قوبۇل قىلىمىز»... كۆزگە چېلىقارلىق بۇ تەشۋىقات سۆزلىرىنىڭ كەينىدىكىسى، ئەمەلىيەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دائىملاشتۇرۇلغاندىن بۇيانقى تىجارەتچىلەرنىڭ تەرەققىيات تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى.

«ماركېتنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزگەرتىش بىزنىڭ زۆرۈر تاللىشىمىز، ئىلگىرى ‹ئولتۇرۇپ سودا قىلىش› تەپەككۇرى بويىچە، سودىدا چوڭ خېرىدارلارنىڭ كېلىشىنى ساقلاشقا تايىنىش كېرەك، دەپ قارايتتۇق. يېمەك - ئىچمەك كەسپى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رىئاللىق ئالدىدا، بىز جەزمەن كۆز قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.» يۈفېڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى يايمىسىنىڭ تىجارەتچىسى چاڭ مالى مۇنداق تونۇشتۇردى: «خەيخۇڭ يوۋشۇەن» تور سۇپىسىدا، شياۋلۇڭشيا، ياغدا قورۇلغان دەبيۇدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەھسۇلاتىمىزنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولدى.

«خەيخۇڭ يوۋشۇەن» بۇ يىل 1 - ئايدا تورغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەشيا ئوبوروتى پورتى 700دىن ئارتۇق تىجارەتچىنىڭ مەھسۇلاتى ئىچىدىن 300 خىلدىن ئارتۇق سەرخىل مەھسۇلاتنى تاللاپ ساتتى، توردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ سانى ۋە سېتىلىش مىقدارى ھەر ئايدا دېگۈدەك ئاشتى.

«يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن توك باھاسىدا ئېتىبار بېرىش ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەر كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. توردا پارچە سېتىش كەسپىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىدىن بىز پۇرسەتنى كۆردۇق.» يەن لىنلۇڭ مۇنداق دېدى: توردا سېتىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن تىجارەتچىلەر مەھەللە، شەخس قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان نىشان توپلىرىدىكى خېرىدارلارنى ئىنچىكە ئايرىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. تۈرلىرى تېخىمۇ مولاشتى، ئورۇسى تېخىمۇ كۆركەملەشتى، ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ ئىلگىرىكى پەقەت يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرىغىلا قارىتىلغان چوڭ يەشىكلىك توپ سېتىش ئەندىزىسى نەپىس ئورالمىلىق سېتىش ئەندىزىسىگە ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

سائەت 12دە، خەيخۇڭ ئەشيا ئوبوروتى شەھەرچىسى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى سىرتىدا، چوڭ - كىچىك ساندۇقلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، يىغىپ ساقلاشقا مەسئۇل خىزمەتچى خادىملار بىر تەرەپتىن سىرتقى ئورالمىنى دېزىنفېكسىيە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقى ئورالمىدا بۇزۇلۇش ئەھۋالى بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. سائەت 18دە، بۇ ماللار ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ. «خەيخۇڭ شاڭچېڭ» «خەيخۇڭ يوۋشۇەن» توردا سېتىش سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ توڭلىتىلغان مەھسۇلاتلىرى 24 سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى ھەمدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ.

«بىز تەمىنلەش زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ‹خام، يېڭى يېمەكلىك تاللا بازىرى + يېمەك - ئىچمەك + ئېلېكترونلۇق سودا + ئەشيا ئوبوروتى›دىن ئىبارەت يېڭى پارچە سېتىش سودا ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىۋاتىمىز، خەيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىدىكى ئۆزگىرىش تېخىمۇ زور بولىدۇ» دېدى يەن لىنلۇڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نۇر ئۆتكۈزگۈچ تالانى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى تاشقورغاندىكى 5200 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق تاغلىق رايون ئاھالىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ رادىيو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

دۆلەتبېك ھوشۇر تۇرۇشلۇق ۋاچە يېزىسىنىڭ كۆن يۈزى كەنتى ئېگىز ھەم سوغۇق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى بىرقەدەر چەت، يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ ئىدى، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 80 كىلومېتىر كېلەتتى، ئالاقە راۋان بولماسلىق، ئۇچۇر توسۇلۇش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالقىلارنىڭ بىرى ئىدى. «ئۆيىمىزدىكى تورنىڭ بەلباغ كەڭلىكى 50 مېگابايت، تورغا چىققىلى بولۇپلا قالماي، يەنە رەقەملىك تېلېۋىزور كۆرەلەيمىز، ھەر ئايلىق يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت ھەققى 30 يۈەنگىمۇ يەتمەيدۇ» دېدى دۆلەتبېك ھوشۇر.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭغا كىرىشنى قاتتىق چەكلەپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشتا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت «بىر قوللۇق» تەستىقلاش تۈزۈمى، مۇھىت ئاسراشتا «بىر چاتاق بىلەن ئىنكار قىلىش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەنى ئاسراش تۈزۈمى ۋە بوشلۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تىزگىنلەش تۈزۈمى، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىپ، يېشىل تەرەققىيات شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، مۇھىتنى تۈزەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا دائىر قانۇن ئىجراسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىتتىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدار سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆكيار روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مۇھىم، زور ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇلاپ ئىشلەپ، يېشىللىقنى ئومۇمىي ھالەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت بىلەن ماس تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئىلمىي، دەل جايىدا ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك؛ دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، چېگرا سىرتىدا يۇقۇم سىجىل يامراپ، يۇقۇم كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمى ۋە خەۋىپى ئاشتى. ھەرقايسى پورتلار تۇرۇشلۇق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى چېگرا پورتلىرىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭ، يوقىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئۇرۇش ۋاقتى ھالىتى، ئۇرۇش ۋاقتى تەپەككۇرىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، ھەرقانداق بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخىكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن چېگرا پورتلىرىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، يوچۇقنى ئېتىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا تەدبىرلەر بىلەن، تىرىشىپ چېگرا سىرتىدىن يۇقۇم كىرىش خەۋپ - خەتىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: چېگرا سىرتىدىن يۇقۇم كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، قۇرۇقلۇق پورتلىرى بۇ قاتتىق جەڭنى ياخشى قىلىش، ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى. تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش - ھۆكۈم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قاراتمىلىق ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆتكەلنى ئالدىدا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خادىم قاتارلىق جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇلغان باشقۇرۇش - تىزگىنلەش يېپىق ھالقىسى، خىزمەت يېپىق ھالقىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز سۈرئەتتە بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پورت تۇرۇشلۇق ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە قوماندانلىق ئىشتابلىرى تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى ۋە پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا «يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇش - تىزگىنلەش»تىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ، چىڭ ساقلاپ، بوشاڭلىقى ئىشنى ئەتىگە قويماي، پورتنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇپ، كەمتۈكلۈك، يوچۇقلارنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسىدىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىي جەڭ مانېۋىرىنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك بايقاش، تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىن ھۆكۈم قىلىش دائىرىسىدە بولۇشى، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كونتروللۇقىمىز دائىرىسىدە بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئايرىم - ئايرىم ھالدا پورتلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، مەخلۇك سېيىت، لىۋ جيەنشىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.